## 132234 ـ توي كۈنى ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش سۈننەتمۇ؟

### سۇئال

بەزىلەر توي قىلغان ئەر-ئايال ئۆچۈن ئايرىم ئوقۇيدىغان ناماز بار، بۇ توي قىلىشنىڭ يولى دەپ ئاتىلىدۇ، يېڭىدىن توي قىلغان قىز-يىگىت بىرگە بولۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئاندىن بىر ياستۇققا باش قويىدۇ دەيدۇ، بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

"بۇ توغرىدا بەزى ساھابىلاردىن يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتلەر بىر ياستۇققا باش قويۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش توغرىسىدا ئەسەر بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەھىھلىك تەرەپتىن ئۇنىڭغا تايانغىلى بولمايدۇ، ئىلگىرىكى بەزى ياخشى كىشىلەردەك بىر ياستۇققا باش قويۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئوقۇماي قالسىمۇ بىر نەرسە بولمايدۇ، بۇ ئىشتا كەڭرىچىلىك بار، بۇ توغرىدا دەلىل قىلىشقا تايىنىدىغان بىر ھەدىس بارلىقىنى بىلمەيمەن".

ئۇستاز ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى (1601/3) ].

مەنبە: پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى.